# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر كىتابلار

«ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى». ئاپتورى: غازىباي. يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئەڭ بۇرۇنقى تېبابەتچىلىك دەستۇرى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، بولۇپمۇ قەدىمىي خوتەن تېبابەتچىلىكىنى قوشنا ئەللەرگە بىلدۇرگەن ۋە بۇ قەدىمىي زېمىندىكى خاسىيەتلىك ئوت - چۆپلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان يىرىك ئىلمىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن نامى، بايانى — تەرىپى تارىخىي كىتابلار ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

«يۇجى يامىن» (ئاي گەيجى دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش). تۈزگۈچى: گەنجۇ قاغىن. قولىيازما. مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەن.

گەنجۇ قاغىن بۇ ئەسىرنى خوتەن خەلقى ئارىسىدىكى تېببىي تەجرىبىلەر بىلەن زاڭزۇ تېبابەتچىلىكىدە مەشھۇرلەنگەن داۋالاش ئۇسۇل - چارىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى كېڭەيتىش ۋە باشقا ئەللەر خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ يەنە تېۋىپ ۋە راھىب شى بەنزۇ، زاڭزۇ تەرجىمانلاردىن جىڭ بۇزىسى، جىڭ بۇدۇنجۇ، جۇلامىنبا قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خېلى بىر قىسىم تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر تېۋىپى ھەم داڭلىق تەرجىمانى.

«تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى». ئاپتورى: جان باشلاق (شىيراخان). مىلادىيە 8 - ئەسىردە يېزىلغان قولىيازما، توبۇتچە.

بۇ كىتاب ياشلىقىدا خەلق ئارىسىدىكى تېۋىپ - ھۆكۈما ۋە بۇددا راھىبلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەمچى، ئاتاچى، قام ۋە باخشىلارنىڭ ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن تېبابەتچىلىكىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قوشۇپ يەكۈنلەپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، زور نەتىجە قازانغان ئۇدۇنلۇق تېۋىپ جان باشلاقنىڭ تىبەت لاماسىنىڭ تەكلىپى بىلەن لاسا چوڭ ئىبادەتخانىسىدا تېۋىپلارغا سۆزلىگەن دەرسلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تۈزگەن ئەسىرى. ئۇنىڭ يەنە «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابىمۇ بار. بۇ ئىككى ئەسەر شىزاڭنىڭ ئەڭ مەشھۇر تۆت توملۇق تېببىي قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

«ئەلنۇھۇ تېببىيە» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى). ئاپتورى: ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى. قولىيازما. مىلادىيە 1180 - يىللىرى يېزىلغان.

مەزمۇنى: ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى تېبابەتچىلىكى نەزەرىيىۋى سىستېمىغا كىرگۈزۈلۈپ بايان قىلىنغان. تېۋىپلارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە ماددىلىق قانۇن ھەمدە يالغان تېۋىپلارنىڭ باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن جىسمانىي ۋە روھىي جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار كىرگۈزۈلگەن.

«زۇبدەتىل قاۋانىل ئىلاج» (داۋالاش ئىشلىرى جەۋھەرلىرى). ئاپتورى: ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى. قولىيازما. مىلادىيە 1180 - يىللىرى يېزىلغان.

بۇ كىتابتا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى، سىناقتىن ئۆتكەن يۈز نەچچە پارچە يەككە رېتسېپ مۇكەممەل بايان قىلىنغان.

«داۋالاش قانۇنلىرىدىن خۇلاسە». ئاپتورى: ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى. قولىيازما. مىلادىيە 1190 -يىللىرى يېزىلغان.

تېبابەتچىلىكنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك داۋالاش ئۇسۇل - چارىلىرى، كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش، دورا بۇيرۇش ۋە دورا تەييارلاش قاتارلىقلار ئىخچام ۋە ئاممىباب بايان قىلىنغان بۇ كاتتا ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەشھۇر تېۋىپ ھاجى باقى ئالىمنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ

2001 - يىللىق 2 - سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ يەنە «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» ناملىق كىتابى بارلىقى مەلۇم.

«ئەسرارۇلنەبزى ۋە لىبەۋلى ۋە لىبزاز» (تومۇرشۇناسلىق ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ سىرلىرى). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: ئەرەبچە.

«مۇئالىجاتىل فۇقرائى ھىلىل سەھرائى» (كەمبەغەل ۋە سەھرالىق ئاجىزلارنى داۋالاش). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: پارسچە.

«رىسالەئى گەسىرد ۋە ھىجامەت» (قان ئېلىش ۋە شەخەك قويۇش ھەققىدىكى رىسالە). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: پارسچە.

«ئىختىياراتى بەدىئى». ئاپتورى: ھاجى زەينۇل ئەتتار (13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خوتەندە ياشىغان). 1340 - يىلى ئارىلىقىدا يېزىلغان، تىلى: پارسچە. 16 كەسلەم، 577 بەت.

بۇ، ئاپتورنىڭ ئوت - چۆپ دورىلار ۋە رېتسېپ ئىلمى ھەققىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆز زامانىسىدىكى خوتەن پادىشاھىنىڭ خانىشىغا تەقدىم قىلغان.

«مۇجەررىباتى ئارىف» (ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى (1564—1655). ئاپتور خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاسكۈي يېزىسىدا تۇغۇلغان. تونۇلغان ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىمى. يېزىلغان ۋاقتى: مىلادىيە 1600 - يىلىنىڭ باشلىرى. تىلى: چاغاتايچە.

بۇ ئەسەر قەدىمىي خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان بولۇپ، سەككىز كەسلەم، 1000 بەت (تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ خەت) كېلىدۇ. ئەسەردە 1300 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىك (ئالامىتى كېسەل دەپ تونۇلغان)، تەجرىبىدىن ئۆتكەن 25 مىڭدىن

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئارتۇق رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى سۈپىتىدە 400 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«گۇلدەستەئى ئاپىيەت» (ساقلىق باغچىسى). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: چاغاتايچە. بۇ كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە شىپالىق رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدىن پېنسىيىگە چىققان تېۋىپ ئابدۇخالىق قارىمدا ساقلانماقتا.

«تېببىي يۇسۇپى». ئاپتورى: ھەكىم يۇسۇپخان (ئاپتور خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن بۇيۇك ئالىم). ھىجرىيە 1316 - يىلى يېزىلغان. تىلى: چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى.

ئەسەر 208 بەت بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي تېببىي نەزەرىيىسى، ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەرقايسى ئەزا كېسەللىكلىرىنى تونۇش، داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، 900 خىلدىن ئارتۇق پىششىق دورا رېتسېپى ھەم ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان.

«شىپاھۇل قۇلۇپ». ئاپتورى: موللا ئەلامۇللاسۇپى. كىتاب تۈرى: ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى رېتسېپلىرى. 1882 - يىلى يېزىلغان ۋە چاغاتاي يېزىقىدا كۆچۈرۈپ تىكىلگەن. كىتابنىڭ ۋارىقى كىچىك 32 كەسلەمگە باراۋەر بولۇپ، 217 بەت، كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان. بۇ كىتابتا مىڭدىن ئارتۇق رېتسېپ بار. بۇ كىتابنى ئاپتورنىڭ 5 - ئەۋلاد ئەۋرىسى، قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى غەيرەت ئەخمەد ساقلىغان.

«ئاقسارايى». ئاپتورى: جامالىدىن ئاقساراي. ھىندىستان لەكنو نەشرىياتى 1899 - يىل نەشرى.

تېبابەت ئالىمى جامالىدىن موغۇل ئىستىبلاسىدىن قېچىپ ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن، بۇ كىتابنى يېزىپ ئۆز يۇرتىنى

سىغىنىش ۋە ئۆزىنىڭ قاراقاش ئاقسارايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، باشقا تېببىي كىتابلاردىن ئۆزگىچە هالدا ئۆز كىتابىغا «ئاقسارايى» دەپ نام بەرگەن. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىلىرى، ھەرقايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرى ھەم ئۇلارنىڭ داۋاسى، يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار سۆزلەنگەن. نەزەرىيە قىسمى ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن ئىبىن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» نى كىچىكلىتىپ يازغان «مۆجىزىلقانۇن» (ئەلقانۇندىكى مۆجىزىلەر) دېگەن كىتابتىكى خاتا كەتكەن جايلارغا تۈزىتىش بېرىلگەن ئىلمىي ئاساسلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا ھەرقايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرىدىن 180 خىلى، يەككە دورىلاردىن 390 خىلى، مۇرەككەپ دورىلاردىن 144 خىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتى ئەسەرلىرىمىز ئىچىدە تېۋىپلىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەنلىك ئابدۇللا داموللام مەۋلىۋى، ھەسەن دامولام مەۋلىۋى، مەتنىياز مەۋلىۋى ھەم ئاتۇشلۇق زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى قاتارلىقلار ھىندىستان لەكنۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغاندا مۇئەللىم دەرسلىك كىتابىنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاراڭلاردا خوتەندىن كەلگەنلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىغان ھەمدە: «بۇ كىتاب، خوتەننىڭ ‹ئاقساراي› دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ، ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى جامالىدىن يازغان ‹ئاقسارايى› ناملىق كىتابتۇر» دېگەن. بۇ كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ ئالىمدىن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھەمدە ئوقۇش تاماملاپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېلىخان ھاجىم قاتارلىقلارغا يۇقىرىقى گەپلەرنى ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەپ بەرگەن.

«ئاقسارايى» نىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەرھۇم ئابدۇلھەمىت مۇھەممەدى ئائىلىسىدە ساقلانماقتا. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



«شارائىتى سىھھەت» (ساغلاملىق شەرتلىرى). ئوسمان بەگ ۋە مۇراد بەگدىن ئىبارەت ئاكا - ئۇكا تېۋىپلار تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر تېببىي ئەسەر. قازان نەشرىياتى نەشرى.

ئىنسان ساغلاملىقىنىڭ توپ ئاساسى توغرىسىدىكى تېبابەت نەزەرىيىسى ۋە تېببىي ئىنسانشۇناسلىقنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئابدۇلھەمىت داموللا ھاجىم ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرى» ناملىق كىتابى ۋە مۇختار ماموت مۇھەممەدنىڭ «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» ناملىق كىتابلىرىدا ئازراق ئۇچۇر بەرگەندىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى، يېزىلغان ۋاقتى، باسما ھالىتى، نەشرى، ساقلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار توغرىسىدا مۇپەسسەل ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

«مەنبەئىي قۇۋايى» (ساغلاملىقنىڭ مەنبەسى). ئاپتورى: مۇھەممەد رەھىم شاھ بوۋا. 1830 - يىلى يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە. 600 بەت.

بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن. بۇ مەشھۇر تېۋىپ ئاجىز - مىسكىنلەرگە خەير - ساخاۋەت، مېھىر - شەپقەت كۆرسەتكەن ۋە ياشاش قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەچكە بۇ جەھەتتىكى مول تەجرىبىلەر كىتابتىن ئورۇن ئالغان.

«تېببىي چوڭ». ئاپتورى: رەھىم شاھ بوۋا. قوليازما، 1837 - يىلى يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

خەلقىمىزنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان خوتەن رايونىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلار ئاممىباب ھالدا سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بۇ كىتاب يەرلىك ئوت - چۆپ دورىلىرىنى تونۇش، يىغىش، قېزىش جەھەتلەردە قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدىغان كىتابتۇر.

«تەجرىباتى تېببىي» (تېببىي تەجرىبىلەر). ئاكا - ئۇكا مەشھۇر تېۋىپلار ئوسمان بەگ بىلەن مۇراد بەگ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاكا - ئۇكا تېۋىپلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تېبابەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا توپلىغان ۋە قايتا - قايتا سىناقتىن

ئۆتكۈزگەن قىممەتلىك تېببىي تەجرىبىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب سەككىز كەسلەم، 490 بەت.
«داۋالاش ئۇسۇللىرى» . چاغاتايچە. ئاپتورى نامەلۇم. كىتاب تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى خوتەندە يېزىلغان. كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى تونۇش ۋە ئۇنى ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئاممىباب، ئىخچام قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، خەلق ئارىسىدا پايدىلىنىپ كېلىنگەن. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.
«قانۇن تىب ئەقرائى» . ئاپتورى: موللا ھەسەن قارىي خوتەنى. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. فورماتى: 12cm×20، 591 بەت، چاغاتايچە قوليازما. ئەسەردە دورا رېتسېپلىرى ۋە داۋالاش قائىدىلىرى مەزمۇن قىلىنغان.
«مۇجەررىباتى تەجەللى» (تەجەللى نۇسخىلىرى) . ئاپتورى: ھۈسەيىنخان تەجەللى. تىلى: چاغاتايچە. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. ئەسەر چوڭ سەككىز كەسلەم، 1000 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى بايان قىلىنغان، كېسەللىكلەرنى تونۇش ئۇسۇلى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىزاھلانغان. ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، باللار كېسەللىكى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، بەش ئەزا كېسەللىكى قاتارلىق 900 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنى تونۇپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەمدە 1300 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن.
«كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش» . ئاپتورى نامەلۇم. 100 يىل ئىلگىرى خوتەن رايونىدا يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.
كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.
«داۋالاش قوللانمىسى» . ئاپتورى نامەلۇم. 80 يىل بۇرۇن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خوتەندە يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى يىغىنچاق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، داۋالاش قوللانمىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىنگەن. بۇ كىتاب هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.

«شىپاھىلقۇلۇپ» («يۈرەككەلەرنىڭ شىپاھى»). تەرجىمان: ئابدۇلئىزىز ئاخۇن. چوڭ ھەجىملىك بۇ كىتابنى ئابدۇلئىزىز ئاخۇن تەخمىنەن 1940 ـ يىلى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ كىتابتا يۈرەك كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر تېببىي بىلىملەر بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب هازىر ئۇنىڭ نەۋرىسى ئابدۇلرازاق مەممەتنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

«كۆڭلى دەردى شىپاھى» (پۈتكۈل دەردلەرنىڭ شىپاھى). تەرجىمان: ئابدۇلئىزىز ئاخۇن. بۇ كىتاب 1945 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، كۆپ خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش تەدبىرلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر تېبابىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

---

ئابدۇلئىزىز ئاخۇن 1905 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا پۇرچاقچى كەنتىدە تۇغۇلغان. شۇ مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، تاغىسى تۇرسۇن خەلپىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ دىنىي ۋە تېبابەت بىلىملىرىنى، شۇنىڭدەك ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 20 يېشىدىن باشلاپ مۇستەقىل كېسەل داۋالىغان. 1955 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1965 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «بۇرژۇئا ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۆزلۈقتۇتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ھەيدەلگەن. 1966 ـ يىلى كېسەل بولۇپ كۆتۈشكە ئېرىشەلمەي قازا قىلغان. هازىر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 12 كىشى تېۋىپلىق ھەم دوختۇرلۇق قىلماقتا.

«تەزكىرەئى لوقمان ھەكىم ۋە خازائىنۇل ئەفلاتون». ئاپتورى: موللاغوجى ئاخۇنۇم. 1864 - يىلى لوپ ناھىيىسىدە يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

كىتابتا ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەب، ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى قەدىمكى ھۆكۈمالارنىڭ داۋالاش تەجرىبىسى ئاساسىدا ئامىباب، ئىخچام تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قوللانمىسى». ئاپتورى: تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1977 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 955 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە 200 نەچچە خىل مۇھىم مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى». ئاپتورى: تۇردى ھاجى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى تەرپىدىن 1983 - يىل 6 - ئايدا 5000 تىراژدا بېسىلىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان، 328 بەت.

بۇ كىتابتا مۇرەككەپ دورا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن ھەمدە تۇردى ھاجىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كېسەل داۋالاش جەريانىدا توپلىغان ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزگەن 1000 خىلدىن ئارتۇق مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرىنىڭ تەسىرى، تەركىبى، ياسىلىشى، ئىستېمال قىلىش مىقدارى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

«قەنت سىيىش كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەد ئۆمەر مەنسۇرھاجى. 1986 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى 1996 - يىل 7 - ئاي 2 - نەشرى. تىراژى: 10 مىڭ. 2 - نەشرىنىڭ تىراژى: 5001. 47 بەت.

بۇ كىتابتا قەنت سىيىش كېسەللىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىپادىلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، دىئاگنوزى، ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ھەم بۇ كېسەللىكنى

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى». ئاپتورلار: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 169 بەت. تىرازى: 5500.

بۇ كىتابتا تۆت چوڭ ماددا تەلىماتى، مىزاجلار تەلىماتى، ئەزالار تەلىماتى، كۈچلەر تەلىماتى، ئەفئال ۋە ئەرۋاھ تەلىماتى؛ ساقلىق، كېسەللىككە ئائىت بىلىملەر، داۋالاش تۈرلىرى ۋە قائىدە - پرىنسىپلىرى، بوھران تەلىماتى، كېسەللىكلەرنى تونۇش تەلىماتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان ھەمدە كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا ئەرەبچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت ئاتالغۇلار لۇغىتى بېرىلگەن.

«جۇڭگو تىبابىتى قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» (1-جىلد). ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، تىرازى: 6280.

قامۇستا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى ۋە بۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر تېۋىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر تىبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، ئۇيغۇر تىبابىتى تەشخىس ئىلمى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى تۇغۇتشۇناسلىق ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى». ئاپتورى: مەيىنىگارخان ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 236 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىكى بولۇپ، جەمئىي تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمدا ئاياللار جىنسىي ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تەبىئىي خىزمەت پائالىيەتلىرى، ھامىلدارلىق ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر؛ ئىككىنچى قىسىمدا نورمال تۇغۇت ۋە ئۇنى

باشقۇرۇش چارە - تەدبىرلىرى؛ ئۈچىنچى قىسىمدا غەيرىي نورمال تۇغۇت (قىيىن تۇغۇت) ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى؛ تۆتىنچى قىسىمدا ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى». ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1989 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 540 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئادەم تېنىنىڭ ھەرقايسى قىسىم ۋە سىستېمىلىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىچكى كېسەللىكلەر، بەدەننىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى بويىچە باش قىسمىدىكى كېسەللىكلەر، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، نەپەسلىنىش سىستېمىسى، يۈرەك، قان تومۇر سىستېمىسى، چىقىرىش سىستېمىسى (بۆرەك ۋە چەپلەر) كېسەللىكلىرى، ئومۇمىي بەدەن كېسەللىكلىرى (ئىسسىقا، ئورۇقلاپ كېتىش، سەمرىپ كېتىش)، ھەرىكەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبى، ئالامەتلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئاساسىي نۇقتىلىرى، داۋالاش - پەرۋىش قىلىش قائىدىلىرى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى تەشخىس (دىئاگنوستىكا) ئىلمى». ئاپتورلىرى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ھاجى باقى ئالىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1991 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 444 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا «دىئاگنوستىكا ئىلمى» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلىپ، بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشنىڭ تۈرلىرى، كېسەللىك سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى قاتارلىقلار؛ مەخسۇس قىسىمدا ھەرقايسى ئەزا - سىستېما

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈپ تەشخىس قىلىش ئۇسۇللىرى تەرتىپ بويىچە سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان. ئاخىرقى قىسمىدا ئۇيغۇر تىبابىتى كېسەللىك ئارخىپى يېزىش ئۆلچىمى ۋە تەلەپلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى». ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1991 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 160 بەت، تىرازى: 3000.

بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ 1 - ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇمۇمىي قىسىم، مەخسۇس قىسىم ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر قىسمى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئۇمۇمىي قىسمىدا روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخى، روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەرنىڭ تەرىپى، روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ماددىي مەركەزلىرى، روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ئادەتتىكى كۆرۈنۈشى، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئادەتتىكى ئالامەتلىرى، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى قاتارلىقلار؛ مەخسۇس قىسمىدا كۆپ ئۇچرايدىغان روھىي كېسەللىكلەرنى تونۇش، دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەبىي كېسەللىكلەر قىسمىدا ھەر خىل ئەسەبىي كېسەللىكلەرنىڭ تەرىپى، سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

«مىۋىلەرنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: سالى سابىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1991 - يىل 11 - ئاي 1 - ۋە 2 - نەشرى، 931 بەت، تىرازى: 9000، 3000.

بۇ كىتابتا كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان مىۋىلەرنىڭ تەركىبى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، ئەكس تەسىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى داۋالاش تېخنىكىلىرى ئىلمى». ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد، خوجاباھاۋۇدۇن ھاجىم، رەيھان ئىبراھىم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1992 - يىل

12 ـ ئاي نەشرى، 228 بەت، تىراژى: 3000.
بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان. مەخسۇس قىسىمدا كېسەللىكلەرنى ئوزۇقلۇق دورا، قول ئەمەلىيىتى ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى، تازىلاش ـ دېزىنفېكسىيە قىلىش، مىكروبسىزلاندۇرۇش قائىدىلىرى، ئاساسىي مەشغۇلاتلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ سۇنۇقچىلىق ۋە چىقىقچىلىق ئىلىملىرى تونۇشتۇرۇلغان.
«جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» (6 ـ جىلد). ئاپتورلار: مۆتىئۇللا قارىي ھاجى (قەشقەر)، ئابدۇخالىق قارىي، ئىسمائىل، ئېلى ھاجى قۇربانىنىياز. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1995 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 668 بەت، تىراژى: 2500.
بۇ كىتابتا دورا ياسالمىلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەندىن سىرت، تېبابىتىمىزدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرىنىڭ تەركىبى، ياسىلىشى، تەبىئىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارلىقلار خېلى تولۇق، مۇكەممەل بايان قىلىنغان. مۇندەرىجىدىن سىرت يەنە ئاخىرىغا «ئاچقۇچ» بېرىلگەن.
«جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» (4 ـ جىلد). ئاپتورلار: ئەھمەد ئەمەت، ئەھمەد ھاجى، باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد، ئوسمان تۇرسۇن، ئابدۇۋاھىت ھوشۇر، ھەبىبۇللا ئېلى. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ـ سەھىيە نەشرىياتى 1994 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 456 بەت، تىراژى: 5000.
بۇ كىتابتا ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، داۋاسى ۋە بەزى يەككە، مۇرەككەپ دورىلىرى، پەرھىزى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئالاھىدىلىك بويىچە خېلى تولۇق بايان قىلىنغان.

«دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش». ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1995 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 107 بەت، تىراژى: 2000.

بۇ كىتاب ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپىنىڭ ئۆسۈملۈك ماكانلىرىنى كېزىپ، بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرۈپ، كۆزىتىپ، خەلق ئارىسىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى، يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ھەم ئۆزى ئىشلىگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دورا ئۆسۈملۈك تەجرىبە ئېتىزلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇش ۋە تېرىپ ئۆستۈرۈشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى، ئۇلارنى تونۇش، تېرىش، يىغىۋېلىش ئۇسۇلى، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

«ئەرلەر جىنسىي ئاجىزلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: ئەلى ھاجى قۇربانىياز. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1996 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 111 بەت، تىراژى: 12 مىڭ.

بۇ كىتابتا جىنسىي ئەزالارنىڭ تۈزۈلۈشى، خىزمىتى، جىنسىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر خىل سەۋەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى، پىششىقلاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى». ئاپتورى:

ئابدۇسەمەت ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1997 - يىل 10 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 310 بەت.

بۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى مۇكەممەل بايان قىلىنغان قورال كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا 20 باب بويىچە 19 خىل دورا ياسالما تۈرىنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلات ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ھەربىر خىل ياسالما تۈرگە مىسال تەرىقىسىدە مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرى كەلتۈرۈلۈپ، 294 خىل رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە مۇنەۋۋەر كىتابلارنى باھالاش يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك تېخنىكىلىق قوللانما كىتابى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

---

ئابدۇسەمەت ئابدۇقادىر 1946 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى تېببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان ھەمدە ئۇدا بۇ دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلىپ ئىلگىرى - كېيىن دورىگەر، دورىخانا مۇدىرى، ئامبۇلاتورىيە مۇدىرى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.



ئۇ ئۆز كەسپىي ساھەسىدە ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى رويابقا چىقارغان، «يىراق، چەت - ياقا رايونلاردا بىمارلارغا قان بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى «جوڭخوا تېببىي ئىلمى ئىچكى كېسەللىكلەر ژۇرنىلى» دا خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كىتابتىن باشقا يەنە «زەيپە قاتارلىق بىر قىسىم دورىلارنى تېرىش، ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

«جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش». ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىسمايىل. كىتاب تۈرى: تېبابەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 2001 - يىل 6 - ئاي 2 - نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 121 بەت.

بۇ كىتاب ئالتە چوڭ ماۋزۇ، 49 كىچىك ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى ھەم بۇ كېسەللىكلەرگە دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

«مەدەنلەرنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: سالى سابىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 210 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا 46 خىل مەدەننى تونۇش، پەرقلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ چىقىش ئورنى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىلىش مىقدارى، ئەكس تەسىرى ھەم ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش چارىلىرى، مەدەن دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇش، كۆشتە قىلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ھايۋانات ئەزالىرىنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: تەۋەككۇل قۇربان، مەلىكەم مۇھەممەد. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 191 بەت، تىراژى: 15 مىڭ.

كىتابتا 38 خىل ھايۋان ئەزاسىنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، يەككە ۋە مۇرەككەپ رېتسېپلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلىرى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«دەستۇرۇلئىلاج» (داۋالاش دەستۇرى). نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا،

سەھىيە نەشرىياتى (W) 1999 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 558 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى يەنى 1520 — 1533 - يىللىرى يەركەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ سۇلتان ئەلى تەرىپىدىن دەسلەپ پارس يېزىقىدا ۋە كېيىنچەرەك چاغاتاي يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان.

مەزكۇر كىتاب ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئالدىنقى مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى، جۈملىدىن تېبابەت ئىلمى بىلەن تونۇشۇش، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى، كېسەللىك ئاقىۋىتى، تومۇر ئەھۋالى، نورمال بەدەن ھالىتى، ساقلىقنى ساقلاشنىڭ تەدبىرلىرى قاتارلىق نەزەرىيىۋى بىلىملەر بايان قىلىنغان. كېيىنكى قىسمىدا مەخسۇس كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، داۋالىنىش، ئوزۇقلىنىش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى، بولۇپمۇ يەككە، مۇرەككەپ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى سۆزلەنگەن.

ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىمنىڭ يەنە «چۆپچىن قاتارلىق دورىلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى»، «ھاياتلىق دەستۇرى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى لۇغىتى» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرى بار.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مايلارنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: ئەخمەت مەخسۇت. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1999 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم. 66 بەت، 3 باب، تىراژى: 3500.

بۇ كىتابقا ئۇيغۇر تېبابىتىدە قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان مېغىزلار، گۈلچېچەكلەر، مېۋىلەر، يىلتىزلار، غوللار ۋە ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان يۈز نەچچە خىل يەككە ۋە مۇرەككەپ مايلار كىرگۈزۈلۈپ، ھەربىر ماينىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خىمىيىلىك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



تەركىبى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

---

ئەخمەت مەخسۇت 1945 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ گۇما بازىرىدا 10 - ئەۋلاد تېۋىپ مەخسۇت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.



1961 - يىلى غۇچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ 1962 - يىلى گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىگە شاگىرت بولۇپ كىرگەن. 1965 - يىلىدىن باشلاپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىل - يېزىقلىرىدىكى تېببىي كلاسسىك ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. 1970 - يىلىدىن باشلاپ دادىسى مەخسۇت ئاخۇنۇمنىڭ 70 يىللىق تېبابەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان. 1989 - يىلى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، باشقۇرۇش، خادىم تەربىيىلەش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، «ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ تەشخىس ئۆلچىمى»، «داۋالاش پرىنسىپى ئۆلچىمى»، «داۋالاش ئۈنۈمىنى باھالاش ئۆلچىمى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

ئەخمەت مەخسۇت «بوھران ھەققىدە چۈشەنچە»، «كېسەللىكلەرنىڭ باسقۇچلۇق دەۋرىدىكى داۋالاش چارىلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئاساسى ۋە نەزەرىيە ئاساسلىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىلاردا بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ھەرقايسى تېبابەت ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلدۇرغان ھەمدە ئىلمىي جەمئىيەت يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرغان. 1995 - يىل 9 - ئايدا ئېچىلغان خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - قېتىملىق مۇدىرىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە چوڭ يىغىنىدا «كىچىك باللاردا بولىدىغان سەرسام كېسىلىنى داۋالاش تەسىراتىم» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسى مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشى بىلەن «مۇنەۋۋەر ئىلمىي

ماقاله» بولۇپ باهالىنىپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. ئەخمەت مەخسۇت ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي بىلىملىرى ۋە دادىسى قالدۇرغان تېبابەت مىراسلىرىدىن پايدىلىنىپ «تېببىي خۇلاسە»، «تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا نۇسخىلىرى»، «تەپ كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش»، «ساقلىقنى ساقلاش توغرىسىدا ئەقلىيە سۆزلەر» دېگەندەك ماقالە توپلاملىرىنى يېزىش ۋە رەتلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى قوللانمىسى (يەككە دورا قىسمى)». ئاپتورى: ئەخمەتجان ئىسمائىل، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئابلىمىت ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 307 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ قوللانمىدا 600 خىلدىن ئارتۇق يەككە دورىنىڭ نامى، ئۇلارنى تونۇش ئۇسۇلى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى، مىقدارى قاتارلىقلار جەدۋەللەشتۇرۇلگەن.

«كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەدىن غاپپار ھاجى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2000 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش خەزىنىسى (يەككە دورا بىلەن داۋالاش قىسمى)». ئاپتورى: ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئەكبەر مۇھەممەد. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2000 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، 338 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا 400 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنى تونۇش ۋە ئۇنى يەككە دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«تېبابەت سىرلىرى». ئابلىكىم خۇدابەردى چاغاتايچە قولىيازمىدىن نەشرگە تەييارلىغان. ئەسلىي كىتاب كلاسسىك ۋەسىقىلەر جۇملىسىدىن بولۇپ، ئاپتورى نامەلۇم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 198 بەت، تىراژى: 5000 (ئاخىرقى ئىككى بېتى چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسى). مۇقاۋىنى ئەكبەر سالىھ لايىھىلىگەن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



بۇ كىتاب ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىسى، كېسەللىك ۋە رېتسېپ بولۇپ، 29 بابقا بۆلۈنگەن. كىتابتىكى رېتسېپلار تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئىلمىيلىكى يۇقىرى، پايدىلىنىشقا قولاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

---



ئابلىكىم خۇدابەردى 1965 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1992 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ھازىر گۇما ناھىيىسىدە تېببىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. ئۇ مىللىي تېبابەت ئىلمىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغانلىقتىن، مۇشۇ ھەقتىكى مىللىي مىراس ۋە تارىخىي ۋەسىقىلىرىمىزنى قېزىشقا، توپلاشقا، رەتلەپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇشقا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن، جۈملىدىن ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىلىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ مەشھۇر تېۋىپ ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللامدىن تەلىم ئالغان.

«بالىلار كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». تۈزگۈچى: ئابدۇخالىق ئىسمائىل. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2001 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 197 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى سىستېمىغا بۆلۈپ، ھەربىر كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى، تىپىك ئالامەتلىرى، داۋالاش قائىدە - پرىنسىپلىرى، پايدىلىق ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى، پەرھىزى، پايدىلىق ئۇزۇقلۇقلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

«مىزانى تىب» (تېبابەت ئەھلىنىڭ قىبلىنامىسى). تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەتجان ئىسمائىل، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەد. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى

(W) 2002 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 423 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا تۆت خىل كەيپىيات؛ ئىككىنچى قىسىمدا دورىلار ۋە ئوزۇقلۇق؛ ئۈچىنچى قىسىمدا ھەرقايسى ئەزا - سىستېمىلارنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئايرىم - ئايرىم ئىخچام تىل بىلەن بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا مەزكۇر كىتابتا تىلغا ئېلىنغان كېسەللىكلەرگە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى نەشرى، 32 كەسلەم، 357 بەت.

بۇ كىتابتا ئەرلەر سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى، ئەرلەر كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭغا توغرا دىئاگنوز قويۇش، ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبلەر، ئەرلەر كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار، ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن قورال كىتاب بولۇپ، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

---



ئىجتىھاتلىق ياش تېۋىپ مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر 1976 - يىلى لوپ ناھىيە لوپ بازىرىنىڭ بوشقان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ چوڭلار ماتارىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، 1997 - يىل 8 - ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئوقۇش داۋامىدا خوتەندىكى داڭلىق تېۋىپلاردىن ئۆگىنىپ، بىلىم ئاساسىنى پۇختىلىغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل قۇرۇلۇشتا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئىشلەپ پۇل تاپقاندىن كېيىن، لوپ بازىرى ئىچىدە كىچىك تېپتىكى بىر دورىگەرلىك دۇكىنى ئاچقان. كېيىن بۇ دۇكاننى كېڭەيتىپ داۋالاش ئورنىغا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ بىرقانچە يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتىدە كلىنىكىلىق تەجرىبە بىلەن نەزەرىيە تەتقىقاتىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يۈرۈش داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت يەنە ئىككى كىتاب يېزىپ چىققى.

«ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى ئۇنىۋېرسال داۋالاش». ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىسمائىل (ئېھسانى)، پەرھاد ئۆمەرجان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 315 بەت، تىراژى: 4500.

بۇ كىتابتا ئۆسمە توغرىسىدا ئومۇمىي بايان بېرىلگەندىن سىرت، ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، ھەر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى ئۇنىۋېرسال داۋالاش، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاخىرىدا ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە ئائىت ساۋاتلاردىن سوئال - جاۋابلار بېرىلگەن.

«تېببىي ئوردۇ تىلى». تۈزگۈچى: مۆتەللىپ ئەلى ھاجى، تۇرغۇن ئۆمەر. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 650 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسمى 50 دەرسكە ئايرىلغان ھەمدە ھەربىر دەرس تېكىست، يېڭى سۆز، گراماتىكا، كۆنۈكمە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئىككىنچى قىسمى لۇغەت قىسمى بولۇپ، بۇ يەنە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلەكتىكى لۇغەتلەر ئوردۇ ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە، ئىككىنچى بۆلەكتىكى لۇغەتلەر ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. ئومۇمىي لۇغەت قىسمى دەرسلىكتىكى يېڭى سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن.

«تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر» (I) — ئۇيغۇر

تېبابىتىدە پەرۋىش ۋە پەرھىز. تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، مۇھەممەتجان ئابلا، غۇلامجان يۇنۇس. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي 1 نەشرى، 88 بەت، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا بەدەندە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە تونۇش ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىش، پەرھىز بۇيرۇش ئۇسۇللىرى ھەرقايسى سىستېما كېسەللىكلىرى بويىچە سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

«تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر» ( II ) — ئۆزىڭىزگە قىزىقامسىز؟ ئاپتورى: ئابدۇمىجىت ئابدۇلھەمىد ھاجى (بۇغرا). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 116 بەت، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى پسىخىكا نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەن. بەزى جاھىل خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكلەرگە مەنئۆى تەربىيە ئىشلەش بىلەن بىرگە، يەنە سىرتتىن بېرىلىدىغان دورا رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق تېۋىپلار». ئاپتورى: تۇرغۇن ئۆمەر، ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 305 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ كىتابتا قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ۋە تېبابەتچىلىك قىلىۋاتقان 170 تىن ئارتۇق ئاتاقلىق تېۋىپ ناھىيە - شەھەرلەر ئايرىمىسى، ياشىغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى ۋە تېبابەتكە قوشقان تۆھپىسى بويىچە تەرتىپلىك بايان قىلىنغان. بىر قىسىم ئاتاقلىق تېۋىپلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، خاتىرە رەسىمى ۋە تەقلىدىي رەسىمى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب خوتەننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



«ئۇيغۇر تىبابىتى تېرە كېسەللىكلىرى ئىلمى» . باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) : ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، تۇرسۇنتوختى ھاجى، تۇرسۇن غوپۇر (ئورۇمچى) ، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 264 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىم يەتتە بابقا بۆلۈنۈپ، تېرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تېرىنىڭ خىزمىتى، تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە پەرۋىش قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. مەخسۇس قىسىم 16 بابقا بۆلۈنۈپ، 70 نەچچە خىل تېرە كېسەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ھەربىر بابى ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنى تونۇش، ئۇنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. تېرە كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، دەرسلىك مەزمۇنىغا ئالاقىدار 75 خىل رەڭلىك سۈرەت كىتاب ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان.

«ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش» . ئاپتورى: ئايگۈل دۆلەت. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 199 بەت.

بۇ كىتابتا ئاياللارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە خىزمەت پائالىيەتلىرى، جىنسىي ئەزالار ياللۇغى، جىنسىي ئەزالار ئۆسمىلىرى، ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىدىغان مۇرەككەپ دورا

رېتسېپلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

---

ياش تېۋىبە ئايگۈل دۆلەت 1976 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لوپ بازىرى ئىچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1997 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، 1998 - يىل 9 - ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1998 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ، 2000 - يىلغىچە دوختۇرلۇق قىلغان. 2000 - يىلدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا يەككە دوختۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ.

«جىددىي كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 127 بەت.

بۇ كىتابتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، روھىي كېسەللىكلەر، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى ۋە ھەر خىل زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇللىرى تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

«مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇرھاجى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلار». نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتسالىھ ھاجى مەنسۇرھاجى ئوغلى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 269 بەت، تىرازى: 5000.

بۇ كىتاب —— يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن خوتەنلىك تېۋىپ مەنسۇرھاجىنىڭ 78 يىللىق تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى. 12 چوڭ ماۋزۇ، 298 تارماقتىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابتا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇلارنى تەييارلاش قائىدىسى، مۇرەككەپ دورىنىڭ تەبىئىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىستېمال مىقدارى قاتارلىقلار ھەر خىل شەكىلدىكى دورا ياسالمىلىرى (ئەرەق، شەربەت، مەجۇن،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



سوفۇپ، شىياق، مەلھەم، ياغ) نىڭ نامى بويىچە تەرتىپلىك ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان.

---

مۇھەممەتسالىھ ھاجى 1956 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1970 - يىلى شۇ يېزىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن دادىسى — مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇرھاجىنىڭ دورا تەييارلىشىغا ياردەملەشكەن. 1982- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1984 - يىل 7 - ئايغىچە ئاقساراي يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ مەسئۇل ۋراچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ ئوندىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.



«ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۇمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەد، تۇرغۇن تۇرسۇن، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 271 بەت، تىرازى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە چۈشەنچە،

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى، قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمى نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. مەخسۇس قىسىم 11 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بابتا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى بولغان تۆت ماددا تەلىماتى، مىزاج تەلىماتى، خىلىت تەلىماتى، ئەزا تەلىماتى، روھ تەلىماتى، قۇۋۋەت تەلىماتى قاتارلىقلار سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ساقلىق ۋە كېسەللىك، كېسەللىك سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەمدە دورا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن.

«ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇلھىمىد مۇھەممەد، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەلى ھاجى قۇربانىنياز، ئەكبەر مۇھەممەد، تۇرغۇن تۇرسۇن، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 313 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي پەنلىرىنىڭ بىرى. مەزكۇر دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىم يەنە 20 نەچچە بابقا بۆلۈنۈپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە چۈشەنچە؛ ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكى؛ روھىي، يېمەك - ئىچمەك، دورا، قوم، لوڭقا قويۇش، قان ئېلىش، ئۇۋۇلاش،

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ھوردىتىش قاتارلىق داۋالاش مەزمۇنلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. مەخسۇس قىسىمى رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى، غەيرىي خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى دەپ ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن. ھەربىر باب بىرقانچە پاراگرافقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر كېسەللىك ئۆز نۆۋىتىدە مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، شەكىل بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىپ، ھەربىر تۈردىكى كېسەللىكلەرنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەتجان نۇرئەھمەت، ئەركىن ھاشىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 343 بەت، تىراژى: 3500.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى بابتا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئىككىنچى بابتا دورا ئۆسۈملۈكلىرى مورفولوگىيىسى ۋە تۈزۈلۈشى، ئۈچىنچى بابتا دورا ئۆسۈملۈكلىرى تاكسونومىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

«يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». تۈزگۈچىلەر: ئابدۇكېرىمجان تۇرسۇنتوختى، ھەسەنجان قاسىم، مۇھەممەتجان ئابدۇللا. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 267 بەت، تىراژى: 3500.

بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى يەتتە چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا، يەل ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن؛ ئىككىنچى قىسىمدا، نورمالسىز يەلنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان؛ ئۈچىنچى قىسىمدا، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇللىرى قىسقىچە سۆزلەنگەن؛ تۆتىنچى قىسىمدا، كلىنىكىدا كۆپ

ئۇچرايدىغان يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتىدە مىزاج تەڭشەش ئۇسۇللىرى». ئاپتورى: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى ھاجى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، 350 بەت، تىراژى: 4000.

كىتابتا ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مىزاج تەڭشەش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ساقلىقنى ساقلاشتا ئوينايدىغان رولى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئەزالارنى ئاسراش». تۈزگۈچى: ھەسەنجان قاسىم، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 450 بەت، تىراژى: 3000.

كىتابتا ئادەم بەدىنىنى تۈزگۈچى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ تۈزۈلۈشى، خىزمىتى، مىزاجى ھەمدە ئۇلارنى ئاسراشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەزالارنى ئاسراش ئارقىلىق ساغلام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار». تۈزگۈچى: ئابابەكرى راخمان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: —ISBN7—5372 3855/3. 16 كەسلەم، 798 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ يىرىك ئىلمىي ئەمگەك، تېۋىپ ئابابەكرى راخماننىڭ يىللاردىن بۇيان قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى، توپلاپ تۈرلەرگە ئايرىشى، سېلىشتۇرۇپ دەلىللىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن قامۇس كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار» دىن ئۆسۈملۈك، مەدەن ھەمدە ھايۋان تۈرىدىكى 800 خىلغا يېقىن دورىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە، لاتىنچە ناملىرى بېرىلىپ، ئۇلارنى تونۇش، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى، شىپالىق رولى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلىرى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئىشلىتىلىش مىقدارى، چىقىش ئورنى قاتارلىق مەزمۇنلار تەرتىپ بويىچە ئىخچام بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بۇ كىتاب تېۋىپلار، ئۆگەنگۈچىلەر، تەتقىقاتچىلار، دورىگەرلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى ھەمراھىدۇر.

«جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش دەستۇرى». ئاپتورى: پەرھاد ئۆمەرجان، ئايىنىك ئۆمەرجان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 4-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3904—5. چوڭ 32 كەسلەم، قاتتىق مۇقاۋىلىق. 356 بەت، 3000 تىراژدا تارقىتىلغان.

بۇ دەستۇر كۆپ ئۇچرايدىغان جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن 30 نەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، پاتولوگىيىسى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلار ئاممىباب ئۇسۇلدا تونۇشتۇرۇلغان.

«جەمئىي ئىلاج» (داۋالاش يىغىندىسى). نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: روزىباقى ھاجى ئابدۇۋايىت، ئەزىز ئابلىمىت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل 10-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 2000 . 500 بەت.

بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي قوليازمىسى خوتەننىڭ ياتلىق قەغىزىگە قىزىل، قارا سىياھلاردا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 352 بەت. قوليازمىنىڭ باش قىسمىدا كىتاب مۇئەللىپى ھېكىم مۇھەممەت ئىبنى نۇر ئۆزى يازغان مۇقەددىمە بېرىلگەن بولۇپ، تەرجىمانلار مۇشۇ بېرىلگەن مۇقەددىمە مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ كىتابنىڭ ئاپتورىنى «مۇھەممەت ئىبنى نۇر» دەپ قارىغان. قوليازمىنىڭ قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما كىتاب ئاخىرىدا ئوخشىمىغان خەت نۇسخىسىدا «تارىختا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئالتە، شەۋۋالنىڭ ئون سەككىزى ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىقلار كۆرۈپ تامام قىلغان»، دېگەنلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب: مۇقەددىمە،

نەزەرىيە قىسمى، كىسەللىكلەر بايانى، مۇرەككەپ دورىلار بايانى، يەككە دورىلار بايانى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. نەزەرىيە قىسمىدا ساقلىق ھالەت بىلەن خىلىتلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش ھالەتلىرى توغرىسىدا ئىخچام مەزمۇنلار بېرىلگەن. كىسەللىكلەر بايانىدا ھەرقايسى ئەزالار كىسەللىكلىرى سەۋەب، ئالامەتلەر بويىچە تەھلىل قىلىنىپ، داۋالاش تەدبىرلىرى ئىخچام بېرىلگەن. ئاخىرىدا باللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كىسەللىكلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇرەككەپ دورىلار بىلەن يەككە دورىلار تونۇشتۇرۇلغان.

«جاھىل خاراكتېرلىك كىسەللىكلەرنى داۋالاش». ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىسمائىل. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998-يىل 2-ئاي 1-نەشرى. 2001-يىل 6-ئاي 2-قېتىملىق بېسىلىشى. تىراژى: 915—6081. 121 بەت.

بۇ كىتابتا راك كىسەللىكلىرى، قان بېسىم كىسەللىكلىرى، ئۆپكە، بۆرەك، يۈرەك كىسەللىكلىرى، پالەچ كىسەللىكى قاتارلىق داۋالاش نىسبەتەن قىيىن بولغان بىر قىسىم كىسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بۇ خىل كىسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن، شۇنداقلا بۇ خىل كىسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى ئەڭ يېڭى، ئۈنۈملۈك رېتسېپلار ۋە داۋالاشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى كۆرسىتىلگەن.

«ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش». نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت روزىمەممەت، سالامەت روزىمەممەت، ئايگۈل روزى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 4-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 348 بەت.

بۇ كىتاب خەنزۇچە «قول-پۇتنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش»، «قولنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش»، «پۇت قىسمى رېفلېكس رايونلىرى ئارقىلىق ساغلاملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش قوللانمىسى» دېگەن ئىككى كىتابنى بىرلەشتۇرۇش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە قولنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش قىسمى يەنى بارماق، تىرناق، ئالىقانلارغا قاراپ كېسەللىك ئەھۋالىنى بايقاش، پەللىلەرنى غىدىقلاپ كېسەللىكلەرنى داۋالاش

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئىككىنچى بۆلۈمدە پۈتنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش قىسمى يەنى پۈتنىڭ رېفلېكسلىق رايونلىرى بويىچە كېسەللىكلەرنى بايقاش، كۆتۈنۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قىسىملىرى كونكرېت تونۇشتۇرۇلغان. بىرىنچى بۆلۈم بەش بابتىن، ئىككىنچى بۆلۈم 14 بابتىن تەشكىل تاپقان.

«سىل كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: ئابلىز ساتتار، ئامىنە جاپپار. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا سىل كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى بويىچە تونۇش، ھەرقايسى ئەزالار يەنى ئۆپكە، بۆرەك، ئۈچەي، سۆڭەك، تېرىلەردە يۈز بەرگەن سىل كېسەللىكىنى تونۇش، سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇللىرى شۇنداقلا سىل كېسەللىكىگە شىپالىق يەككە ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«جىگەر كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: روزىباقى ھاجى، ئېزىز ئابلىمىت. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 9-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 116 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدە مۇھىم دەپ قارىلىدىغان خىلىت ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزا جىگەرنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى، جىگەر مىزاجىنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئېيپادىلىنىدىغان كېسەللىكلەر، جىگەردە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى تونۇش، سەۋەبى، ئالامىتىنى بىلىش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاخىرقى قىسىمدا مۇشۇ خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق دورىلارنىڭ شىپالىق رولى». شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2003-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، تىراژى: 3000. 124 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق تۈرىدىكى دورىلارنى تونۇش، ئۇرۇق دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى،

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئورۇق دورا تەركىبلىك ئاددىي رېتسېپلار ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«چۆبچىن قاتارلىق دورىلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى». ئاپتورى: ھاجى مۇھەممەتباقى ئالىم. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000-يىل 8-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3110. 147 بەت.

بۇ كىتابتا چۆبچىن قاتارلىق ئۆسۈملۈك مەنبەلىك دورىلارنى تونۇش، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە بىر قىسىم چۆبچىن تەركىبلىك مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. كىتابنىڭ پۈتۈن قىسمىدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ تەرىپى، ئالامىتى ۋە ئۇنى چۆبچىن قاتارلىق دورىلار بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«تاللانغان شىپالىق رېتسېپلار». تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001-يىل 4-ئاي نەشرى. تىراژى: 3110. 339 بەت.

بۇ كىتابتا ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئۈنۈملۈك رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىدىن مىراسلار (7)». تۈزگۈچى: تەۋەككۇل قۇربان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5000. 82 بەت.

بۇ كىتابچىدا كۆپ ئۇچرايدىغان 40 نەچچە خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى، سەۋەبى ۋە ھەربىر كېسەللىكنىڭ يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلىرى ھەم يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن داۋالاش ئاممىباب تىلدا تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىدىن مىراسلار (8)». تۈزگۈچى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى قۇربانىياز. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5000. 81 بەت.

بۇ كىتابچىدا بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ داۋاسى ئاددىي رېتسېپلار ئاساسىدا شەرھلىنىش بىلەن بىرگە، نەپەسلىنىش، ھەزىم

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ۋە ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش چارىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش مەجمۇئەلىرى»:

1. «جىگەر، ئۆت، تال كېسەللىكلىرى» (264 بەت).

2. «بۆرەك، دوۋساق، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى» (155 بەت). ئاپتورى: ئەكبەر مۇھەممەت.

3. «مەقئەت كېسەللىكلىرى» (134 بەت).

4. «كۆز كېسەللىكلىرى» (184 بەت). ئاپتورى: توختى روزى داۋۇت.

5. «يۈرەك كېسەللىكلىرى» (137 بەت). ئاپتورى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى.

6. «قۇلاق ۋە بۇرۇن كېسەللىكلىرى» (100 بەت). ئاپتورى: مۇھەممەتجان ئابلا.

7. «قان ۋە قان تومۇر كېسەللىكلىرى» (94 بەت). ئاپتورى: مۇھەممەتجان ئابلا.

8. «كاناي، ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردە كېسەللىكلىرى» (156 بەت). ئاپتورى: ئابلىمىت ئابدۇقادىر

9. «ئاياللار كېسەللىكلىرى» (183 بەت). ئاپتورى: خەلچەم ئەمەت، مەغپىرەت ئابدۇۋەلى.

10. «قەنت سىيىش كېسەللىكى» (86 بەت). ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد ئەلى ھاجى.

11. «ئاشقازان كېسەللىكلىرى» (150 بەت). ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت نۇرەخمەت.

12. «بالىلار كېسەللىكلىرى» (180 بەت). ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت نۇرەخمەت.

13. «كالپۇك ۋە ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى» (140 بەت). ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت نۇرەخمەت.

يۇقىرىقى 13 پارچە كىتاب بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005-يىلى 1-قېتىم نەشر قىلىنغان. ھەربىر كىتابنىڭ تىراژى: 3000 .

بۇ كىتابلاردا ئۆز نامى بويىچە بىرىلگەن كېسەللىكلەرنى تۈرلەر بويىچە تونۇش بېرىلىپ، سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇللىرى ئاددىي، ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە شۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىمار دىققەت قىلىدىغان ئىشلار كۆرسىتىلگەن.

« ئۇيغۇر تېبابىتىدە تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش» . ئاپتورى: ئوبۇلقاسىم ئەخمەت. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2004-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 10-ئاي 1-بېسىلىشى. تىراژى: 3000 . 240 بەت.

بۇ كىتابتا تېرىنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى، فىزىئولوگىيىسى، تېرە مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە خىلتلار نورماللىقسىزلىقىدىن پەيدا بولىدىغان ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى تونۇش بېرىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇلى ۋە تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى يېڭى تېپىلغان مەخپىي رېتسېپلار» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2004-يىل 3-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5070 . 78 بەت.

بۇ كىتابتا ئەسىرلەردىن بۇيان ئاشكارىلانمىغان، ئەمما كلىنىكىلىق تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن بىر قىسىم رېتسېپلار جەمئىيلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان.

« دانلىق زىرائەتلەرنىڭ شىپالىق رولى» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2003-يىل 7-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000 . 194 بەت.

بۇ كىتابتا بۇغداي، ماش، پۇرچاق، قوناق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر توغرىسىدا تونۇش، تەركىبلىرى ئۈستىدە مەلۇمات بېرىلىپ، ئۇلار شىپا بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئاددىي رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



«گۈل-چېچەك تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولى». شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1999-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5000. 109 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گۈل-چېچەك تۈردىكى دورىلار تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىر، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، گۈل-چېچەك تەركىبلىك ئاددىي رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان.

«تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر (3) — تۇرلۇك كېسەللىكلەر پەرۋىشى». تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 184 بەت.

بۇ كىتابتا كلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈلۈپ، بىمارلارغا يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش ئادىتى، روھىي ساغلاملىق، ھەرىكەت ئۇسۇللىرىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ۋە كېسەللىككە ماس بولغان كۆتۈنۈش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر (4) — ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقاتىدىن تەرمىلەر». تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 186 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەت ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە كلىنىكا، دورىگەرلىك تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىلمىي نەتىجىلەر، ماقالە ۋە ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلغان.

«ھازىق» (داۋالاش قوللانمىسى). ئاپتورى: ئەجمەلخان. تەرجىمە قىلغۇچى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 2005-يىل 8-ئاي 1-قېتىم بېسىلىشى. تىراژى: 3000. 627 بەت.

بۇ كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان 300 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىك تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر كېسەللىكنىڭ تەبىرى،

سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوزى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، پەرھىزى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت ھەربىر كېسەللىكنىڭ ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە نامى بېرىلگەن.

« 100 كېسەللىككە 1000 رېتسېپ» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، ئابدۇكېرىمجان تۇرسۇنتوختى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 6-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 280 بەت.

بۇ كىتابتا خەلق ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان 100 خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەب، ئالامەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ھەربىر خىل كېسەللىككە شىپالىق 10 خىلدىن رېتسېپ بېرىلگەن.

« ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش» . ئاپتورى: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 900 بەت.

بۇ كىتابتا ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ داۋالاش پرىنسىپلىرى ھەم كۆپ خىل رېتسېپلار بىلەن داۋالاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا داۋالاش جەريانىدىكى پەرۋىش قائىدىلىرى ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان.

« ھايۋانات ئەزالىرى بىلەن كېسەللىكلەرنى داۋالاش» . ئاپتورى: تەۋەككۇل قۇربان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 8-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 210 بەت.

بۇ كىتابتا دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ھايۋانات ئەزالىرى ھەم ئۇلار ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان.

« ئاياللار كېسەللىكلىرىنى يېمەكلىك بىلەن داۋالاش» . ئاپتورى: مەغپىرەت ئابدۇۋەلى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 2-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 120 بەت.

بۇ كىتابتا ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان 36 خىل كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىك تەرىپى بېرىلىپ، شۇ خىل كېسەللىككە شىپالىق يېمەكلىك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



رېتسېپلىرىنىڭ خۇرۇچى، ياساش ئۇسۇلى، شىپالىق رولى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى پىششىق دورىلار ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. تۈزگۈچىلەر: ئوبۇل تۇردى، ئېلى هاجى قۇربانئىياز، تۇنساگۇل مەتقاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى 4000. 800 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا، ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پىششىق دورا ياسالمىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن. مەخسۇس قىسىمدا، 1000 خىل ئەتراپىدا پىششىق دورا رېتسېپلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ نامى (نام مەنىسى)، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىلىش مىقدارى، ئۇسۇلى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى خام دورا ئىلمى» (2 قىسىم). باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. تۈزگۈچىلەر: روقىيەم سادىق، ئوبۇلقاسىم مەتسىدىق، تۇرنساگۇل مەتقاسىم، ئابدۇللا ئابدۇرېشىت، مۇتەللىپ ئەلى هاجى، زاھىدە، غالىب تۇردى، ئەركىن قاسىم.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكى خام دورا ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەرەققىياتى، خام دورا ئىلمىنىڭ دائىرىسى، ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى، خام دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، چىقىش ئورنى، يىغىۋېلىش-ساقلاش ئۇسۇللىرى، ساقلىنىش ۋە ئۇنۇم بېرىش مۇددىتى، خام دورىلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى، خام دورىلارنى تەبىئەت خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئايرىش پرىنسىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىمدا، كېسەللىك ماددىسىنى تەڭشىگۈچى،

پىشۇرغۇچى، سۇرگۈچى دورىلار مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش ھالەتلىرى بويىچە ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلۈپ، ماس كېلىدىغان خام دورىلارنىڭ ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە نامى، تونۇش ئۇسۇلى، ئاساسلىق خىمىيىلىك تەركىبى، فارمافولوگىيىلىك تەسىرى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، زىيانلىقى، تۈزەتكۈچىسى، ئورۇنباسارى، ئىشلىتىش مىقدارى، مۇرەككەپ دورا ياسالمىسى نامى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قىسمىدا دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەت ئېتىبارى بويىچە ياللۇغ قايتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قىزىتما قايتۇرغۇچى، ئىششىق قايتۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار؛ تاش پارچىلىغۇچى، يەل تارقاتقۇچى، تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى، قۇرت ئۆلتۈرگۈچى، ھەيز راۋانلاشتۇرغۇچى، قۇستۇرغۇچى، تەرلەتكۈچى، نەپەس راۋانلاشتۇرغۇچى، ئاغرىق پەسەيتىپ تىنچلاندۇرغۇچى، تۇتقۇچى دورىلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. يەنە تېرە كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدىغان، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدىغان دورىلار يۇقىرىقى تەرتىپلەر بويىچە تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ھەربىر خىل خام دورىنىڭ رەڭلىك رەسىمى قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوزتىكا ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. تۈزگۈچىلەر: ئابلىمىت ئابباس، روقىيە قاۋۇز، پولات زىيادان، ھاجى باقى ئالىم، ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 4000. 600 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمغا ئايرىلغان. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوزتىكا ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىلەر بېرىلىپ، ئارقىدىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، سوراپ تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرى ھەرقايسى ئەزا سىستېمىلار بويىچە كونكرېت تونۇشتۇرۇلغان، ئاندىن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى بېرىلگەن. مەخسۇس قىسىمدا بەدەن تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن: تۇتۇپ تەكشۈرۈش، تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈش، چېكىپ، تىڭشاپ، پۇراپ، قاراپ تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى؛ شۇنداقلا باش، بويۇن، كۆكرەك قان ئايلىنىش سىستېمىسى، قورساق قىسىم، تاناسىل ئەزالار، مەقئەت، تۆز ئۈچەي ئومۇرتقا كۆۋرۈكى ۋە تۆت مۈچە، نېرۋا سىستېمىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات قائىدە-ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا كېسەللىك تارىخىنى يېزىشنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى، بالنىستتا يېتىش جەريانىدىكى كېسەللىك تارىخى، ئامبۇلاتورىيە كېسەللىك تارىخىنى يېزىشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورا تېخنولوگىيە ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. تۈزگۈچىلەر: ئابدۇقەييۇم مەتشېرىپ، يۈسۈپ ئەخمەت، مۇيەسسەر تۇرسۇن، روقىيەم سادىق. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 4000. 400 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، بۇنىڭدا دوراسازلىق ئىلمى توغرىسىدا چۈشەنچە، دوراسازلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۇيغۇر تېبابەت دورا ياسالما شەكىللىرىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، دورا تەڭشەش ئاساسىي بىلىملىرى، دورا ياسالمىلىرى گېپىنىسى، ھەر خىل دورا ياسالما شەكىللىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى، ئۆلگىلىك رېتسېپ مىساللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دوراسازلىق ئىلمى تەجرىبە يېتەكچىسى قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش قانۇنىيىتى ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەت، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 7-ئاي 1-نەشرى

1-بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3943—6 . 16
كەسلەم، 28.375 باسما تاۋاق. تىراژى: 3500 .

«ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمى» — ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي پەنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ باشقا ئاساسىي پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى، ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى كلىنىكا پەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كېسەللىكنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى، كېسەللىنىشنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى، كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى، كېسەللىكلەرنىڭ دەۋرى، كېسەللىكلەرنىڭ ئاقىۋىتى، مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، غەيرىي خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى دەپ ئۈچ بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تەرىپى، كېسەللىك سەۋەبى ۋە كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، كېسەللىك ئۆزگىرىشىنىڭ كلىنىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

« «ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى» . ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) : ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى،

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



تۇرسۇن توختى ھاجى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—0010—6 . 16 كەسلەم، تىراژى: 4000 .

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تىبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تىبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ئۇيغۇر تىبابىتى تاشقى كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى، تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئەزا تەلىماتى بويىچە رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئىككى بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاشقى كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۇرۇپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى». ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممىدى، ئەكبەر مۇھەممەت، ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز، پاتىگۈل ئوسمان، پولات زىيادان، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، مەغپىرەت ھەبىبۇللا، ئوبۇل ھەسەن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005 - يىل 3 - ئاي 2 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى:

ISBN7—5372—3889—8 . 16 كەسلەم. تىراژى: 4000 .

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ؛ ئومۇمىي قىسىمدا ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى، ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى دىئاگنوزى، ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش پرىنسىپى، ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسمى ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىسى بويىچە رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى دەپ ئىككى بابقا بۆلۈنۈپ، رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى — مېڭە، يۈرەك، جىگەر كېسەللىكلىرى؛ خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى — نېرۋا كېسەللىكلىرى، كاناي، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، كۆكرەك پەردە كېسەللىكلىرى، قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، بوغۇم كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن بىر قىسىم رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن تۈزگۈچىلەر: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئەكبەر مۇھەممەت، پاتىگۈل ئوسمان، تۇرغۇن ئۆمەر، قەيسەر ھاجى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى، ھەبىبۇللا ئەلى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب

نومۇرى: 6—0086—5372—ISBN7 . 16 كەسلەم، تىراژى: 4000 .

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كېسەللىكلەرنى تونۇش، پەرقلەندۇرۇش، كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى، دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا كلىنىكا پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى، يۇقۇش ۋە تارقىلىش جەريانى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىش ۋە داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم تارقىلىشچان زۇكام، كۆكيۆتەل قاتارلىق 38 خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، تارقىلىش ئالاھىدىلىكى، يۇقۇش مەنبەسى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت-ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئەكبەر مۇھەممەت، خەلچەم ئەمەت، مەينىگارخان ھاجى، مەغپىرەت ئابدۇۋەلى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3888—X. 16 كەسلەم. تىراژى:

4000 .

«ئـۇيغۇر تىبابىتى تۇغۇت-ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى» — كېسەللىكلەرنى تونۇش، پەرقلەندۈرۈش، كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى، دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا كىلىنىكا پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىـــك ئۇيغۇر تىبابىتى تۇغۇت ئىلمى بىلەن ئۇيغۇر تىـبـابىتى ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمدا ئۇيغۇر تىبابىتى تۇغۇت ئىلمى ھـەقـقـىـدە چۈشەنچە، ئاياللار جىنسىي ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە خىزمىتى، ھامىلىدارلىق فىزىئولوگىيىسى، ھامىلىدارلىقتا دىئاگنوز قويۇش ۋە ھامىلىدارلىق دەۋرىدىكى تەكشۈرۈش، نورمال تۇغۇت ۋە چىللە، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى پـەرۋىش قىلىش، ھامىلىدارلىق پاتولوگىيىسى، تۇغۇت كۈچىنىڭ نورمالسىزلىقى، تۇغۇت يولىنىڭ نورمالسىزلىقى، ھامىلىنىڭ نورمال بـولـمـاسـلـىـقـى، ھـامـىـلىدارلىق دەۋرىدە قوشۇلۇپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر، تۇغۇت دەۋرىدە قوشۇلۇپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر، چىللە مەزگىلىدىكى نورمالسىزلىق ۋە ئۇنى كۈتۈش، تۇغۇت بۆلۈمىدە دائىم قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار ۋە ئوپېراتسىيىلەر، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى قىسىمدا ئۇيغۇر تىبابىتى ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەرۋىش قىلىش، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، تاشقى جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى، ئىچكى جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار تـونـۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر كېسەللىكنىڭ تـونـۇشـى، سـەۋەبـى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مـەزمـۇنـلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇغۇت-ئاياللار كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئـۈچـۈن، شـۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەت، ئەنۋەر ئابابەكرى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 1-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3776—X. 16 كەسلەم، تىراژى: 4000.

ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى — ئۇيغۇر تىبابىتى كلىنىكا پەنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى، ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم كۆز كېسەللىكلىرى، قۇلاق كېسەللىكلىرى، بۇرۇن كېسەللىكلىرى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى، يۇتقۇنچاق ۋە كېكىردەك كېسەللىكلىرى قاتارلىق بەش قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ھەربىر قىسمى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى». ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش

تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەت نىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت هاجى، ئەكبەر مۇھەممەت، تۇرغۇن ئۆمەر، مۇتەللىپ ئەلى هاجى، مەلىكە مەتنىياز، مەمەتجان رىشات، نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا هاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 1-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3776—X . 16 كەسلەم تىراژى: 4000.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ تەتقىق قىلىش دائىرىسى، ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى، باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، باللارنى ئوزۇقلاندۇرۇش، باللار ساقلىقىنى ساقلاش، باللار كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلەر، باللار كېسەللىكلىرىنىڭ دىئاگنوزى، باللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەرۋىش قىلىش، باللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەزا تەلىماتى بويىچە رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمى ئەزا كېسەللىكلىرى، غەيرىي خادىمى ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئۈچ بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى تونۇشتۇرۇلغان. دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچى: مۇھەممەتقاسىم ئوبۇلھەسەن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3865—0 . 16 كەسلەم، تىراژى: 3500 .

«ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى» — ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك پەنلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەم ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك پەنلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ بىرى.

بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دورىگەرلىك كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تۈنجى ئۆتۈلىدىغان ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك پەنلىرىنىڭ بىرى. مەزكۇر دەرسلىكتە ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى ئاجرىتىپ ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئايرىش، بىئولوگىيىلىك، ئىشقارلىق گلۇكوزىدلار، كومارىن، پىگىنىن ۋە ئۇنىڭ گلۇكوزىلىرى، فىلاۋون ۋە ئۇنىڭ گلۇكوزىلىرى، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گلۇكوزىلار، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گلۇكوزىدلاردىن ئەمەلىي مىسال؛ تېرپىنلار ۋە ئۇچۇچان مايلار، ساپونىن گلۇكوزىدلىرى، ھايۋانات دورىلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، مەدەن دورىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنىڭ شىپالىق تەركىب تەتقىقاتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى». ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم، ئابدۇقەييۇم مەتشېرىپ، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى، مەلىكە ئىمىن، يۈسۈپ ئەخمەت. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3943—7 . 16 كەسلەم، تىراژى: 3500 .

ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى — ئۇيغۇر

تېبابەت دورىگەرلىك پەنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ باشقا دورىگەرلىك پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇشنىڭ دورا ئۈنۈمىگە بولغان تەسىرى، دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچىلار، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى، دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم ساپلاشتۇرۇش، توغراش، قورۇتۇش، قورۇش، كۆشتە قىلىش، مېيىنى ئېلىش، ئۇسارىسىنى ئېلىش، رۇببىنى ئېلىش، ئېكەكلەش، سۇتكە چىلاش، نەمدەش، داغلاش، ئىسلاش قاتارلىق 14 بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆز نۆۋىتىدە بىرنەچچە پاراگرافقا بۆلۈنۈپ سۆزلەنگەن.

---

تۇرغۇن ئۆمەر 1951-يىل 22-ئاۋغۇست لوپ ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1968-يىل 9-ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1972-يىل 12-ئايدىن 1974-يىل 12-ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1975-يىل 1-ئايدىن 1984-يىل 4-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ چۈمادىن مۇداپىئە كۆرۈش بۆلۈمى ۋە لابوراتورىيە بۆلۈمىدە كەسپىي



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خادىم، 1986-يىلى 9-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990-يىل 1-ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى چوڭلار مائارىپى كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان (2000-يىل 9-ئايدىن 2003-يىل 7-ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەھىيە باشقۇرۇش كەسپى ئاسپىرانتلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن). 1990-يىل 3-ئايدىن 1994-يىل 3-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر، شۇجى، مۇدىر؛ 2001-يىل 2-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىدا باشقارما باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2001-يىل 2-ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

تۇرغۇن ئۆمەر 30 نەچچە يىللىق سەھىيە خىزمەت تارىخىدا ئۆز كەسپىگە ئەقىدە باغلاپ، ئىزچىل ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي نەتىجە ۋە شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. خوتەن ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئىشلىگەندە، خوتەن تەۋەلىكىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ گۇما ناھىيىسىنىڭ تورغۇن دەرياسىدىن باشلاپ، چەرچەننىڭ تاش پاختا كانلىرىغىچە بولغان مۇساپىسىنى 1976-يىل 4-ئايدىن 8-ئايغىچە ئات-ئۇلاغ بىلەن كېزىپ، تاغ تەۋەلىكىدىكى تەبىئىي كېسەللىك مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان ھەمدە «چۇمادىن مۇداپىئە كۆرۈش — داۋالاش قوللانمىسى» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، سەھىيە مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئىشلەش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن خوتەن تېببىي مەكتىپىنىڭ قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، تېببىي خىمىيە، مىكروبىئولوگىيە، سەھىيە ستاتىستىكىسى، دىئاگنوز ئىلمى، گىگىېنا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنى ئۇيغۇرچە

دەرسلىك يوق شارائىتتىمۇ ياخشى تەييارلاپ، ئالتە قارار تىببىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەن.

1991- ۋە 1992-يىللىرى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن غۇلجا، قەشقەر، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە دورا سايمان ستاتىستىكا كۇرسلىرىغا بېرىپ دەرسلىك قوللانمىسى تەييارلاپ، دەرس ئۆتكەن ھەمدە «نوپۇس ستاتىستىكىسى ۋە نوپۇس پىلانى» ناملىق كىتابنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان. 1996-يىلى «مەملىكەتلىك باشلانغۇچ سەھىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» شەرىپىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. 1993-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە «ۋابانىڭ تارقىلىش كۆلىمىنى تىزگىنلەپ، ئۆلۈش نىسبىتى ۋە دۆلەت، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆۋەنلىتىش» كۆزقارشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسىپداشلار بىلەن بىرلىكتە «خوتەندە تارقالغان خولېرا كېسەللىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش تەدبىرى تەتقىقاتى» تېمىسىنى ئىشلەپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پەن-تېخنىكا ئىلگىرىلەش 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايوننىڭ «تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى»، «مەملىكەتلىك سېستىرالار كەسپىي ئىمتىھان پروگراممىسى ۋە سوئاللار توپلىمى» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشقا قاتناشقان.

تۇرغۇن ئۆمەرنىڭ خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومىغا ئالماشقاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەسىپداشلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوملىرىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، 2002-يىلىدىن 2005-يىلى ئاخىرىغىچە 20 پارچە دەرسلىك كىتابنىڭ باش تۈزگۈچىسى بولۇپ، يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىن نەشردىن چىقىشقا قەدەر بولغان جەريانلارغا كۆپ ئەجر سىڭدۈرۈپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



چىقارغان. ئۇ 1983-يىلىدىن باشلاپ، ئاتاقلىق تېۋىپ ئەممەت هاجىمنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك نەزەرىيىسى ۋە داۋالاش-دورا تەييارلاش ئەمەلىي بىلىملىرىنى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئالىي مەرىپەت بېغىدا تېخىمۇ بېيىتىپ، 15 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ، خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرغان ۋە هەر دەرىجىلىك ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.

2003-يىل 8-ئايدا «ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارالىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلغان.

2003-يىلىدىن 2005-يىلىغىچە «WTO نىڭ تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىبابەت دەرسلىكىنى تۈزۈشتە ئەهمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر»، «نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا»، «دەرسلىك ماتېرىيال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي مائارىپىنىڭ دەرسلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت-دورىگەرلىك ئىلمىي مۇهاكىمە - ماقالە باهالاش يىغىنلىرىدا ئوقۇلغان ۋە تەتقىقات تېمىسىغا ئايلانغان هەمدە ئۈچ پارچىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

2004-يىلى «مەشۇر هاجىمنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى»، «ستۇدېنتلار ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلىشىش يېتەكچىسى» دېگەن كىتابنىڭ نەشرىياتقا سۇنۇشتىن ئىلگىرىكى تەھرىرلىكىنى ئىشلەپ، نەشردىن چىقىشقا تۆرتكە بولغان.

تۇرغۇن ئۆمەر 2002-يىلىدىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي

تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. 2002-يىل 11-ئايدا جۇڭگو تېببىي ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا؛ 2003-يىل 3-ئايدا «جۇڭگو دورىگەرلىك يىلنامىسى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىقىغا؛ 2003-يىلى جۇڭگو جۇڭيى تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك گېزىتىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىقىغا؛ 2005-يىلى «جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ژۇرنىلى» نىڭ مۇئاۋىن مۇھەررىرلىكىگە؛ 2005-يىلى دۆلەتلىك جۇڭيى تېببىي-دورىگەرلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى دوختۇرلۇق سالاھىيەت ئىمتىھانى ئىشلەش كومىتېتىنىڭ سوئال چىقىرىش-تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابەت جەۋھەرلىرى» (3-قىسىم). تۈزگۈچى: ئامىر ئابدۇقادىر. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئەڭ مۇكەممەل داۋالاش تەجرىبىلىرى ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار كېسەللىكلەر تۈرى بويىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

---

ئامىر ئابدۇقادىر 1982-يىل 25-ئۆكتەبىر لوپ ناھىيە دول يېزا قوغاچئېرىق كەنتىدە دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1990-يىلدىن 2000-يىلغىچە لوپ ناھىيىسىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىنى تۈگىتىپ، 2004-يىلدىن بېرى مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



تېخنىكومى ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلغان «ئىپارمىزاجىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى 2003-يىللىق خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تاللاپ ئۇقۇلۇپ 3-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان، مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلغان. «بىمارلارغا پەرھىز تۇتقۇزۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسىي ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى، 2001 ~2005-يىللىق 2-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك — دورىگەرلىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئېچىش يولى» (خەنزۇچە) سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى «2005-يىلى 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللىي تېبابەتچىلىك — دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، «جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى»دا تاللاپ ئوقۇلۇپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ھەم مۇكاپاتلانغان. «ئۇيغۇر تېبابەت-چىلىك — دورىگەرلىكى ۋە ئۇنىڭ شانلىق كەلگۈسى» سەرلەھىلىك ئىلمىي ماقالىسى 2005-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ئۇيغۇر تېبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، «تەركىزەئى لوقمان ھەكىم ۋە خەزائىنۇل ئەفلاتون» (چاغاتايچە)، «مەخزىنۇل ھىكمەت» «بىيازى كەبىر» قاتارلىق ئوردۇچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. «پىسخىكا تېببىي مەسلىھەتچىسى»، «ئۇيغۇر تېبابەت جەۋھەرلىرى» (3-قىسىم) ناملىق كىتابلارنى تۈزگەن. پراكتىكا جەريانىدا نەشرىياتنىڭ تەكلىپى بىلەن «ھاياتلىق دەستۇرى» (ھاجى باقى ئالىم)، «مەخزىنۇل رەككىبات» (ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى)، «تىبرە كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» (ئوبۇلقاسىم ئەخمەت)، «ئۇيغۇر تېبابەت

جەھەرلىرى» (مۇھەممەتسەيدى)، «شىپايىلقۇلۇپ»، (ئابدۇرېھىمجان)، «مۇفرەدات» (ئابدۇلھەمىد)، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئەمەلىيىتى» (سىراجىنەھمەت)، «تېبابەت ھېكايىلىرى» (ئوردۇچە، ئابدۇخالىق ھاجى ئىسمايىل تەرجىمىسى)، «ئۇيغۇر تېبابەت قوللانمىسى» (تۇردى ھاجىم، ھاجى باقى ئالىم يازغان) ۋە باشقا مۇھىم كىتابلارنى تەھرىرلەشكەن قاتناشقان. ئۇنىڭ يەنە ھازىرغىچە: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش توغرىسىدا» ، «زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 2004~2005-يىللىق پەن-تېخنىكا ژۇرناللىرى بويىچە «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» بولۇپ باھالانغان.

تۆۋەندىكى تېبابەت ئۇستازلىرىنىڭ يەنە بىر قىسىم قولىيازمىلىرى (كىتابلىرى) ۋە مەخسۇس چوڭ ھەجىملىك ماقالىلىرى جامائەتچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ياكى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ:

ئېلىخان ھەزرىتىم: «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاناتومىيىسى»، «ئالدىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار كېسەللىك دورىسى»، «تېبابەتچىلىكنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى».

ئابدۇلھەمىد مۇھەممىدى: «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى تېخنىلوگىيىسى» (دەرسلىك)، «سۇراھ لۇغىتى» (ئەرەب، پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «قارابادىن قادىرى» (پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان).

تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇم: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى» (تولۇقلىما نۇسخا).

ئەمەت ھاجى: «داۋالاش قوللانمىسى».

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئوسمان هاجى مۇھەممەتنىياز: «ئەلئەدۋىيە تۇل كاشغەر، ۋەل خوتەن ئەلا ئەمرازى ئەۋلادىل ۋەتەن» (قەشقەر، خوتەن داۋاسى، ۋەتەن ئەۋلادىغا شىپاسى).

مەخسۇت نۇرۇللا: «تېببىي ئاناتومىيە»، «تېببىي خۇلاسە»، (يېڭى رېتسېپلار توپلىمى)، «تاشقى كېسەللىكلەر ھەققىدە تەتقىقات»، «سەرئان (راك) كېسەللىكى ھەققىدە تەتقىقات»، «مىزانى تىب» (تەرجىمە).

ئابدۇساتتار ئاخۇن: «شىائۇل ئەۋدىيە» (دورىلارشىپاسى) .

باقى يۈسۈپ: «ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش».

ئابدۇرېھىمجان: «شىپايىلقۇلۇپ» (ئوردۇ تىلىدىكى بۇ ئەسەرنى ئىخچاملاپ تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان).

